# 21902 ـ شەرئىي ۋىردلار(دۇرۇدلار) ھەققىدە كۆرسەتمىلەر

## سۇئال

دۇرۇد تاج ، دۇرۇد لاخىي ۋە دۇرۇد تۇناجىينا قاتارلىقلارغا ئوخشاش دۇرۇدلارنى ئوقۇش بىدئەتمۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بۇ دۇرۇدلاردىكى نەرسىلەر ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيمىز ، بىراق بىز سىزگە نىمىنىڭ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن نەرسە ۋە نىمىنىڭ بىدئەتلىكىنى بىلىشىڭىز ئۈچۈن سىز ئەگىشىدىغان بىر قىسىم كۆرسەتمىلەرنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلەيمىز :

1– ئەڭ ياخشى ۋىردلار بولسا پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان سۆزلەر ، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا پەقەت ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشىسىنى تاللىغان ، ھەمدە پەيغەمبەرمۇ ئۈممىتىگە پەقەت شۇنى تاللىغان .

2– كىشى پەيغەمبەرگە شەرئەتتە نەقىل قىلىنمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ، ئەگەر ئۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ھەققىدە ئاشۇرۋىتىش ، ياكى پەيغەمبەرنى شىرىكى قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىش ، ياكى ئاللاھنى قويۇپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش قاتارلىق چەكلەنگەن ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلا بولسا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ تەرىپلىشىنى سورىسا بولىدۇ .

3– ئاللاھنى ياد ئەتكۈچى(زىكرى قىلغۇچى) سەھىھ دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغانلىرىدىن سىرىت ، زىكرى قىلىشقا مۇئەييەن ۋاقىت ، سان ياكى شەكىل بەلگىلىمەسلىكى كېرەك ، چۈنكى ئاللاھقا ، ئۇ كىتابىدا ياكى پەيغەمبىرىنىڭ تىلىدا بەلگىلىگەن شەكىلدىن باشقىسىدا ئىبادەت قىلىنمايدۇ .

4– ئىبادەت چوقۇم ئىبادەتنىڭ ئۆزى ، شەكلى ، ۋاقتى ۋە مىقدارى جەھەتتە شەرئەتتە بەلگىلەنگەن بولۇشى كېرەك . كىمكى تېكىستى پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنمىغان ۋىردنى قوللىنىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا مۇئەييەن سان بېكىتىدىكەن، ياكى ئۇنى قىلىشقا مۇئەييەن ۋاقىت بېكىتىدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ بىدئەتنى سادىر قىلغان بولىدۇ .

ئالىملار بۇ بىدئەتنى بىدئەتۇ ئىزافە( قوشۇلما بىدئەت) دەپ ئاتىدى ، چۈنكى بۇ ئىبادەتنىڭ ئۆزى شەرئەتتە بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا شەكىل ، قىتىم سانى ياكى قاچان قىلىنىشى جەھەتتە بىر قىسىم يېڭى نەرسىلەر قېتىلغان بولىدۇ .

سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەككى ، بارلىق ياخشىلىق پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان نەرسىگە ئەگىشىشتە بولىدۇ .

كىمكى بۇ سۈننىي ۋىردلارنى ئوقۇيدىغانلارنى تەتقىق قىلسا ئۇلارنىڭ ئادەتتە پەيغەمبەردىن نەقىل قىلىنغان ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكرىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋىردلارنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە سەل قارايدىغانلىقىنى بايقايدۇ ، بۇ بەزى پىشقەدەملەردىن(سەلەفلەردىن) نەقىل قىلىنغان نەرسىنى ، يەنى كىشى بىر بىدئەتنى پەيدا قىلسىلا ، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۈننەتنى تاشلايدۇ .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .